چىققان لىۋانلىق تۆل خوتۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىڭ.

- ھاياتىڭىز خەتەر ئىچىدىمۇ؟ خۇداغا بولغان ئېتىقادى بىلەن ئۈرۈشتىن ساق چىققان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى ئېفوپىيەلىك قۇل، ئېبېد مەلەخنىڭ ھىكايىسىنى ئوقۇپ چىقىڭ.
- ئائىلىڭىز، دوستلىرىڭىز ۋە جەمئىيىتىڭىز تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندەك ھېس قىلامسىز؟ سەرگەردان ۋە رەت قىلىنغان چېغىدا خۇدانىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن مىسىرلىق ھەجەرنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىڭ.
- ھاياتىڭىزدىكى ئاۋارىچىلىقلارنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ بارامسىز؟ ھەزرىتى ئەيسانىڭ چۆكۈۋاتقان كېمىدىن شاگىرتلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىپ بوراننى توختاتقانلىقىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىڭ.

## مۆجىزىۋى جاۋاپلار

مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، بىز ئەجايىپ ئۈمىد بىلەن دۇئا قىلغۇدەك ئىشەنچكە تولۇپ تاشىمىز. ھەزرىتى ئەيسا: «ئىشەنچىڭلار بولسا، دۇئا بىلەن تىلىگەن ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشىسىلەر.» دېگەن (مەتتا 22:21). خۇدانىڭ مۆجىزىلىرىگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، قەلبىمىز جەننەتكە بولغان تەلپۈنۈشنى كۈچەيتىدىغان ئۈمىد بىلەن ئىلھاملىنىدۇ.

بىر مۆجىزىگە ئېھتىياجىڭىز بارمۇ؟ مۇقەددەس كىتابتىكى مۆجىزىلەردىن ئىلھام ئېلىڭ ۋە خۇدادىن ئۆزىڭىزنىڭ مۆجىزىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ. بۈگۈن ئۇ چوقۇم سىزنىڭ دۇئارىڭىزنى ئاڭلايدۇ!

ئەگەر سىز مۇقەددەس كىتابتىكى مۆجىزىلەر توغرىلىق كۆپرەك ئۇچۇرغا ئېرىشكۈڭىز بولسا، بۇ ۋاراقچىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۇچۇرلار ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.


Copyright © 2023 by Sharing Hope Publications. ئۇشبۇ ئەسەر تىجارەت خاراكتېرى بولمىغان مەقسەت بىلەن بېسىلىشقا ۋە تارقىتىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.
مۇشۇ ۋاراقچىسىدىكى خۇدادىن نازىل قىلىغان ئايەتلىرى www.mukeddeskalam.com مۇقەددەس كىتاب ئۇيغۇرچە كالام تەرجىمىسى 2012 يىلى نەشر قىلىنغاندىن ئېلىنغان. ھەم umkj.org ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان. بارلىق ھوقۇقى قوغدالغان.



# بىر مۆجىزىگە ئېھتىياجىڭىز بارمۇ؟

*تېخىمۇ كۆپ ئوقۇشلۇق*




تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن QR كودىنى سكانېرلاڭ.

ناھايىتى چوڭ بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى تېخىمۇ ياخشى بولغان بىر ھاياتقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن ۋە يېڭى بىر دۆلەتكە كۆچمەكچى بولۇپتۇ. ھالبۇكى، بۇ سەپەر ئاسان ئەمەس بولۇپ؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بىر چۆلنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. چۆلدە يىلانلار، چايانلار بار بولۇپ، چۆل بەك ئىسسىق ئىكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېسەل ۋە ئاجىزلىرى كارۋاننىڭ ئارقىسىدا قالسا، باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يەيدىغانلىرى تۈگىگەن ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ يولباشچىسى خۇدادىن مۆجىزە يارىتىشنى ئىلتىجا قىلىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ئويغانغان چېغىدا، ئۇۋۇلىپ ئەتراپقا چېچىلىپ كەتكەن نانغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ تەمى بەك ياخشى بولۇپ، خۇددى ھەسەلگە مىلەنگەن پېچىنىگە ئوخشايدىكەن. ۋە ھەممەيلەننىڭ قورسىقى تويغۇدەك بار ئىكەن. كۈنلەر بىر بىرىقى قوغلاپ ئۇلار چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، ئۇلارغا ھەر كۈنى كۆكتىن نان يېغىپتۇ. خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئۇلار ساق قالدى!

بۇ ھېكايە ھەيران قالارلىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن. بۇ سىزگە بەلكىم تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل دەپ تونۇلغان مۇقەددەس كىتابتا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن مۆجىزىلەردىن بىرى خالاس. مۇقەددەس كىتابتا يۈزلىگەن ھەقىقىي ھېكايىلەر بار، ھەم خېلى كۆپ قىسمىدا خۇدا كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى ئاساس قىلغان. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۆجىزىلىرىگە مۇھتاج بولغاچقا، بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مۇھىم بىر كىتابتۇر.

## ھازىرقى زامان مۆجىزىلىرى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بىز ئىچكى ئۇرۇش، ئىنقىلاپ، ئىقتىسادىي چۆكۈش، ئىشسىزلىك، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ئۆلۈملەرگە شاھىت بولدۇق. سىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. سىز بەلكىم ئائىلىڭىزدىن ئايرىلىپ كەتتىڭىز. بەلكى ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئارىسىدا ئېسىلىپ قالغان سۆيگەن كىشىلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن. سىز بەلكىم ئىش تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىسىز.

قانداق بىر ھالەتتە بولسىڭىز بولۇڭ، خۇدا سىزگە كۆيۈنىدۇ ۋە بۈگۈنمۇ خۇددى قەدىمىي چاغلاردىكىدەك سىز ئۈچۈن مۆجىزە يارىتالايدۇ. كۆڭلىڭىز يېرىم بولغان چاغلاردا، مۆجىزىلەرگە تولغان مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى رىغبەتلەندۈرەلەيسىز.

## دەۋرىمىز ئۈچۈن خۇدانىڭ سۆزلىرى

بەزى كىشىلەر مۇقەددەس كىتابنى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇشتا ئىككىلىنىپ قالىدۇ. بۇ خاتا كۆزقاراش ئۆزىنى مۇقەددەس كىتابنىڭ مۇرتى دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە خىرىستىيانلارنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى، قىمار ئوينىغانلىقىنى ۋە ھاياسىز كىيىنگەنلىكىنى، چوشقا گۆشى يېگەنلىكىنى ۋە باشقىلارغا قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمەلىيەتتە، بۇ گۇناھلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كىتابتا ئەيىپلىنىدۇ. خىرىستىيانلار خۇداغا ئىتائەت قىلماي ياشىسىمۇ، بۇ خۇدانىڭ ئەبەدىي سۆزىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدەك

## خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى قوغدىغۇدەك ئۇلۇغ.

ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يەشايا پەيغەمبەر «ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كېتىدۇ، گۈل-چېچەكلەر سولىشىپ خازان بولىدۇ، پەقەت خۇدايىمىزنىڭ سۆزلىرى ئەبەدىي قالىدۇ» (يەشايا 8:40) دەپ يازغان. ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچى بارلىقىغا ئىشىنەمسىز، ياكى ئۇلار ئەسلىدە ئېيتىلغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرى بىلەن خاتا تونۇتىۋاتامدۇ؟

مۇقەددەس كىتاب بىزگە داۋۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى، - ئىچىدە ئون پەرز بولغان چوڭ بىر ئالتۇن ساندۇق - يۆتكىگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئون پەرز بولسا، خۇدانىڭ ئەخلاقلىق ياشاش قانۇنى بولۇپ، ئىككى يوغان تاش تاختىغا يېزىلىپ بىر ئالتۇن ساندۇقنىڭ ئىچىدە ساقلانغان. توشۇش جەريانىدا، بىر ئادەم ئۇنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ساندۇقنى قولىنى تەگكۈزىشى بىلەن، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەن!

تەكەببۇر قوللارنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرى بولغان مۇقەددەس ساندۇققا تېگىشىگە يول قويمىغان خۇدا، قانداقسىگە يامان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ يېزىلغان سۆزلىرىگە قايچا ۋە توغرىلايدىغان قەلەم بىلەن تېگىشىگە يول قويسۇن؟ خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى قوغدىغۇدەك ئۇلۇغ.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇقەددەس كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەلىللەنگەن كىتابتۇر. تېخى يېقىنقى زاماندا، پەلەستىنلىك ئۈچ بەدىۋى چوپان - مۇھەممەد ئىد-دىب، جۇمە مۇھەممەد ۋە خېلىل مۇسا - تاسادىپىي ئۆلۈك دېڭىز يۇتۇكلىرىنى بايقىدى. بۇ ئاساسلىق بىر ئارخىلوگىيەلىك بايقاش بولۇپ، بۈگۈنكى مۇقەددەس كىتاب بىلەن 2000 يىل بۇرۇن يېزىلغان قەدىمقى مۇقەددەس كىتابنىڭ قولىيازمىلىرىنى سېلىشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى ئوخشاشلىق يەنە بىر قېتىم خۇدانىڭ ۋەھىيلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلەلمەيدىغانلىقىدەك پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىزگە بىر مۆجىزە لازىم بولسا، مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىشەنچلىك بىر مەنبە ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭدا سىز نوھ، ئىبراھىم، يۈسۈپ، يۇنۇس، دانىيال، داۋۇت ۋە سۇلايمانغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەيران قالارلىق ھېكايىلىرىنى تاپالايسىز. باشقا يەرلەردە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى ھكايىلەرنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ھكايىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كىتابتا بار.

## كېلىڭ، ئۆزىڭىزدىكى مۆجىزىنى تېپىڭ

قانداق بىر كىرزىسقا دۇچ كەلگەن بولۇشىڭىزدىن قەتئىنەزەر، مۇقەددەس كىتابتا سىزگە ماس كېلىدىغان بىر مۆجىزە ھېكايىسى بار:

- سىز ياكى سىز سۆيىدىغان بىرسى كېسەل بولدىمۇ؟ ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان سۈرىيەلىك گېنىرال نامانىڭ مۆجىزە بىلەن داۋالانغانلىقىنى ئوقۇپ چىقىڭ.
- ئائىلىڭىزنى بېقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتامسىز؟ پەقەت تۈگىمىگەن كىچىككىنە بىر قاچىدىكى ياغ ۋە بىر ئالقان ئۇن بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇپ